قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# دۇڭگوئەپەندى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


**دۇڭگۇ ئەپەندى**

**قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (5)**

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 80547 - 815 - 9

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# دۇڭگو ئەپەندى



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: گو جيې
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner



1. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا
دۆڭگو ئەپەندى دېگەن بىر كى-
شى ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى
ئۇ لىق كىتاب قاچىلانغان بىر
تاغارنى ئېشەككە ئارتىپ، شە-
ھەرگە دەرس ئۆتكىلى مېڭىپ-
تۇ.

2. ئۇ تاغ ئارىسىدا كېتىۋاتسا، بىر بۆرە يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ئەپەندى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ئوۋچى كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ يالۋۇ-
رۇپتۇ.



Scanned by CamScanner

3. دۆڭگو ئەپەندىنىڭ بۆرىگە ئىچى ئاغرىپ، ئېشەكتىن چۈشۈپ: «سەن مېنىڭ كىتاب قاچىلىغان تاغىرىمغا يۈشۈرۈنۈۋال» دەپتۇ.



4. دۇڭگو ئەپەندى تاغاردىكى كىتابلارنى ئېلىۋېتىپ، بۆرىنى تاغارنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇپ ئۈستىگە كىتاب قاچىلاپ، تاغارنى ئېشەككە ئارتىپ يولغا راۋان بوپتۇ.



5. ھايال ئۆتمەيلا، ئوقيا تۇتقان بىر كىشى كېلىپ: «ئەپەندى بىر بۆرە كۆردىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.



Scanned by CamScanner

6. دۇڭگو ئەپەندى بېشىنى چايقاپ: «ياق، كۆرمىدىم، تاغ يولى ئەگرى-توقاي تۇرسا، ئۇ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەندۇ» دەپتۇ.



7. ئوۋچى يىراقلاپ
كەتكەندىن كېيىن،دۆڭگو ئە-
پەندى تاغاردىن بۆرىنى چىقى-
رىپ قويۇپ، ماڭاي دەپ تۇ-
رۇشىغا ،بۆرە ئۇنى چاقىرىپ-
تۇ.





8. بۆرە ئۆنىڭغا: «ھەي ياخشى نىيەتلىك ئەپەندى، مېنىڭ قورسى-
قىم بەك ئېچىپ كەتتى، ياخشىلىق قىلغان ئىكەنسەن، ئاخىرغىچە قىل،
ئەمدى مەن سېنى يەي» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

9. دۆڭگو ئەپەندى ئۆنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۆرىگە: «سەن ياۋۇز بۆرە راستلا ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان نېمىكەنسەن، مەن سېنىڭ جېنىڭنى قۇتقۇزغان تۇرسام، ئەمدى سەن مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولامسەن؟» دەپتۇ.



10. بۆرە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ: «سەن گېپىمنى چۈشەنمەيۋاتىسەن، مەن سېنى يېمىسەم ئاچلىقتىن ئۆلمەمدىمەن، سەن شۇنداق ئاق كۆڭۈل تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمگە چىداپ تۇرالامسەن؟» دەپتۇ.





11. بۆرە چىشلىرى-
نى ھىڭگايتىپ ئېتىلىپ
كەپتۇ، دۈڭگو ئەپەندى
دەرھال ئېشەكنىڭ كەي-
نىگە ئۆتۈۋېلىپ: «بۇ
ئىشقا باشقىلار بىر نېمە
دەپ باقسۇن» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner



12. بۆرە دۇڭگو ئەپەندىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

Scanned by CamScanner



13. ئۇلارغا بەل كەتمەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر دېھقان بوۋاي ئۇچراپتۇ.

Scanned by CamScanner

14. دۆڭگو ئەپەندى بوۋايغا بۇ ئىشقا بىر ئادىل باھا بەرسىڭىز دېگەن ئىكەن، بوۋاي: «بۇ مۇمكىن ئەمەس، سەن بۆرىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇ سېنى يېمەكچى بوپتۇ» دەپتۇ.




15. بۆرە بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشال هالدا: «توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇ مېنى ئاغارغا سولاپ، ئۈستۈمگە نۇرغۇن كىتابلارنى باسۇرۇپ قويدى، ئۇ مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى» دەپتۇ.



16. بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن سېنىڭ گېپىڭگىمۇ ئىشەنمەيمەن، سەن شۇنداق يوغان تۇرساڭ،تاغارغا قانداق پاتىسەن؟» دەپتۇ.



17. بۆرە: «مەن تۆگۆلۆپ تۆرغاچقا پاتتىم، تۆگۆ-
لۆپ تۆرۆپ بەك قىينىلىپ كەتتىم» دەپتۆ.



18. بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ: «مەن يەنىلا ئىشەنمەيۋاتىمەن، ئۇنداق بولسا، سەن يەنە بىر قېتىم تاغارغا كىرىپ باقساڭ» دەپتۇ.



19. بۆرە بوۋاينىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپ،تۇگۇلۇپ تاغارنىڭ
ئىچىگە كىرىپتۇ.



Scanned by CamScanner

20. بوۋاي چاققانلىق بىلەن تاغارنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋاپتۇ.



Scanned by CamScanner

21. بوۋاي: «كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان بۇنداق مەخلۇقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتساڭ، ئۇ ساڭا زىيان يەتكۈزىدۇ» دەپ، قولىدىكى بەل كەتمەن بىلەن بۆرىنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

22. بۆرە ئېچىنىشلىق ھۆركىرەپ، ئاخىر جان ئۈزۈپتۇ.



Scanned by CamScanner

23. دۆڭگو ئەپەندى قورقىنىدىن ئېشەكنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەل-
مەي، غال-غال تىترەپ كېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

# 东郭先生

红蜻蜓丛书(5)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
889 × 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 - 7 - 80547 - 815 - 9

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۇل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-815-9

9 787805 478159 >

总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner